ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

«ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەللىك ئالۋاستىسى بىلەن ئېلىشىپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە يىغىندا چىقىرىلغان تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرما كەڭ كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا، ئىنچىكە تۇتىمىز.

ھاياتلىق تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك، مەسئۇلىيەت زىممىمىزدە. ھازىر، نۇرغۇن تېببىي خىزمەتچى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرماقتا.

خۇبېي جياڭيۇ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ سېستىراسى دۇ جيۈك يۇقۇملۇق كېسەللەر بۆلۈمىگە ياردەم بېرىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلدى ھەم ئۇدا نەچچە كۈن ئىش ئورنىدا چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ ئېرى توك بىلەن تەمىنلەش ئىشچىسى بولۇپ، دوختۇرخانا ئەتراپىدىكى لىنىيەلەرنى ئاسراش خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ھەرقايسىسى ئۆز ئۇسۇلى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتناشتى.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، دەپ تەكىتلىدى. بىز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇۋاتىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ زور كۈچىنى چىقىرىمىز.» دۇ جيۈك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، داۋاملىق بىرىنچى سەپتە ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەللىك ئالۋاستىسى بىلەن ئېلىشىمەن.

باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆزىدە «ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا، ئىنچىكە تۇتۇش» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، بېيجىڭ شەھىرى شىجىڭشەن رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى ۋېيخۇادا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، بېيجىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشى - تىزگىنلىشى چاغاندىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ بېيجىڭغا قايتىش خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە. شىجىڭشەن رايونى تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، كۈچنى بىرىنچى سەپكە قارىتىپ، 330 كادىرنى مەھەللە ئاساسىي قاتلام بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا جىددىي يۆتكەپ، يۇقۇمنىڭ خەۋپ - خەتىرىنى تىرىشىپ تۆگىتىدۇ.

شىنياڭ خېنەننىڭ جەنۇبىي چوڭ دەرۋازىسى، ۋۇخەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 200 كىلومېتىرلا كېلىدۇ. شىنياڭ شەھەرلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ جيې مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە، ھازىر شىنياڭ شەھىرىدىكى سەھىيە - ساغلاملىق سىستېمىسى يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇۋاتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، يۇقۇمنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇش مەنبەسىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىپ، تارقىلىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، قوبۇل قىلىپ داۋالاش نىسبىتى ۋە ساقىيىش نىسبىتىنى تۆرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن ئۆستۈرۈپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتى ۋە كېسەل بىلەن ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىمىز.

جېجياڭ داشۆ تېببىي شۆيۈەنى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا جېجياڭدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ داۋالايدىغان نۇقتىلىق دوختۇرخانا، دوختۇرخانا يۇقۇم بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چۈ تىڭتىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يۇقۇملۇق كېسەل ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش پەن - تېخنىكا تىرەكىدىن ئايرىلالمايدۇ. چوڭ سانلىق مەلۇمات قاتارلىق ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ، تارقالغان رايونلارنى توغرا ھۆكۈم قىلىپ، ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئايرىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ئىشلەيمىز.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش پەقەت تېببىي دورا، سەھىيە مەسىلىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەر تەرەپلىمە خىزمەت، تۆرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى مەددەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سائەت 16دىن 34 مىنۇت ئۆتكەندە، 23 سائەت سەرپ قىلىپ، گۇاڭدۇڭ، خۇنەن، خۇبېيدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 1166 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، گۇاڭدۇڭنىڭ 40 توننا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىئانە ماددىي ئەشيالىرى قاچىلانغان 41168 - قېتىملىق نۆۋەتچى پويىز ۋۇخەنگە بىۋاستە يېتىپ باردى.

بۇ قېتىمقى مال توشۇشقا مەسئۇل بولغان گۇاڭتيې گۇرۇھى گۇاڭجوۋ يۈك ترانسپورت مەركىزى سەنشۈي غەربىي يۈك مەيدانىنىڭ خىزمەتچى خادىمى فۇ تىڭ مۇنداق دېدى: ماددىي ئەشيالارنى ئىمكانقەدەر تېز يەتكۈزۈش ئۈچۈن، گۇاڭجوۋ يۈك ترانسپورت مەركىزى جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، يېشىل يول ئېچىپ، «ئالدىن توشۇشنى ھۆددىگە ئالدى، ئالدىن ۋاگونغا قاچىلىدى، ئالدىن چېتىپ توشۇدى».

«مەركەز نورمال ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنى ھەقىقىي قوغداشنى تەلەپ قىلدى، بىزنىڭ ھازىر قىلالايدىغىنىمىز، دەل ئەڭ تېز سۈرئەتتە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى ھەمدە كۆكتات، گۆش، تۇخۇم، سۈت قاتارلىق ئاھالىلەرنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى توشۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا تۆھپە قوشۇش» دېدى فۇ تىڭ.

مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى شەندۇڭ نۇقتىلىق داۋالاش كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلماقتا.

خۇايى تۇقۇلمىسىز رەخت چەكلىك شىركىتى شەندۇڭ زىبودىكى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان تۇقۇلمىسىز رەخت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بولۇپ، مەھسۇلاتى ئاساسلىقى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماسكا، مۇداپىئە كىيىمىنىڭ خام ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، كارخانا چاغانلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى، يەتتە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنىڭ ھەممىسى پۈتۈن كۈچ بىلەن تىرىشىپ، 24 سائەت تولۇق نورمىلىق ئىشلەپچىقاردى. شۇ جايدىكى بانكا يەنە ئۇلارنى جىددىي قەرز پۇل بىلەن تەمىنلىدى.

«مەركەز داۋالاش، مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى، بىز كارخانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشىدا، چوقۇم پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىمىز» دېدى شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ۋاڭ جىلڭ.

جياڭسۇ ئۆلكىلىك سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ 2 - دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى جوۋ يىبياۋ مۇنداق بىلدۈردى: جياڭسۇ ئۆلكىسى مەركەزنىڭ تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، چوڭ ۋەزىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەت چۈشۈرگەن تەقسىملەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

«نۆۋەتتە، جياڭسۇدىكى 74 ئالاقىدار نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىدىن ئىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرگىنى ۋە ئىشنى قىسمەن ئەسلىگە كەلتۈرگىنى 69 بولۇپ، كۈندىلىك ماسكا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 2 مىليون 500 مىڭدىن ئاشتى، باشقا داۋالاشتا ئىشلىتىدىغان ماددىي ئەشيالارنىڭ زور قىسمى نورمال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىگە يەتتى» دېدى ئۇ.

ئىشەنچنى چىڭىتىپ، بىر نىيەتتە «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ قىلىش. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، يەنە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنىڭ مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىنى تىرىشىپ ساقلاش كېرەك.

قايتىدىغان يولۇچىلار ئېقىمىنىڭ تەدرىجىي ئېشىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو تۆمۈريولى نەنچاڭ ئىدارىسى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتى كەسىپتە پىشقان 20 نەپەر يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز شوپۇرى، يېتەكچى شوپۇرنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ ۋۇخەنگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى، ئۇلار نەنچاڭنىڭ غەربىدىن يولغا چىقىپ، ۋۇخەندىن ئۆتۈپ جېجۇڭنىڭ شەرقىگە بارىدىغان ئالتە جۈپ ئوق پويىزغا چىقىپ نۆۋەتچىلىك قىلدى.

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى گەرچە كەسكىن بولسىمۇ، لېكىن نورمال ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنىمۇ ھەقىقىي ياخشى قوغداش كېرەك، بىز مەركەزنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، تۆرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن تۆمۈريول چوڭ تومۇرىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىمىز.» يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز شوپۇرى يىن شىتاۋ مۇنداق دېدى: «كىشىلەرنىڭ راۋان يول يۈرۈشى، يۈكلەرنىڭ راۋان توشۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش بىزنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىمىز!»

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن ھازىرغىچە، شاڭخەي پۇتو رايونى شىجۈەن يولى كوچا باشقارمىسى شىبېر ئاھالىلەر رايونى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى سۇ يافاڭ بىر كۈنمۇ ئارام ئالمىدى. «2003 - يىلى سارس مەزگىلىدە، مەن تېخى پارتىيە ئەزاسى ئەمەس ئىدىم، پىدائىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھەر كۈنى ئاھالىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيتتىم، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە تەجرىبەم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر مەن پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى» دېدى ئۇ.

تەجرىبىلىك مەھەللە «باشلامچىسى» بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۇ يافاڭ بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەتراپلىق ياخشى قىلدى. مەھەللىدىكى ئۆيدە ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان ئاھالىلەرگە قارىتا، سۇ يافاڭ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تېلېفون قىلىپ، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېھتىياجىغا قاراپ ئاھالىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بەردى، ھەر كۈنى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ياردەم بەردى.

«مەھەللە خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى ئاساسىي قاتلام ‹مۇھاپىزەتچى›لىرىدىن بولۇپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن پۇقرالارغا بىر ئۆلۈش بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېرىمىز» دېدى سۇ يافاڭ قەتئىيلىك بىلەن.

(مۇخبىرلار چى جۈڭشى، لياڭ جيەنچياڭ، ۋۇ تاۋ، چېن گاڭ، يۈ شيەنخۇڭ، ۋاڭ جۈنلۇ، ۋۇ جىنتۇڭ، جەي جو، گۇ شياۋلى، يۈەن جۈنباۋ) (شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى)

---

2 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى يولغا چىقتى

بىڭتۇەن جىددىي تېببىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئەترىتى ۋۇخەنگە ياردەم بېرىشكە ئاتلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **چاۋ جېن، يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچتە، 2 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭنىڭ خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇخەن شەھىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكى 102 ئەترەت ئەزاسى ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن ۋۇخەنگە بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تيەن ۋېن ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىغا بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

تيەن ۋېن 2 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسىگە بايراق بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: داۋالاش ئەترىتى سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىقنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىش، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ چېكى بولماسلىقتەك كەسىپ روھىنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ خۇبېي خەلقى بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىدىغان قېرىنداشلىق مېھرىنى نامايان قىلىپ، چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى، پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىشى كېرەك.

تيەن ۋېن مۇنداق دېدى: ياردەم بېرىلىدىغان جايغا بارغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئىش ئورنىغا تېز كىرىپ، ئىلمىي قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى يولغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ياخشى تاماملاپ، يۇقۇمنى ئومۇميۈزلۈك، ئۈنۈملۈك تىزگىنلەشكە پايال تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ئۆزى مۇداپىئەلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۆز بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئالدىنقى سەپ بىلەن ئارقا سەپنىڭ ئالاقىسى، ماسلىشىشنى كۈچەيتىشى كېرەك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى سىلەرنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرەكلار، كۆپچىلىكنىڭ بۇرچنى ئادا قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭى تۆھپە قوشۇپ، بالدۇرراق زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

ئىگىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى داۋالاش ئەترىتىنىڭ 102 ئەترەت ئەزاسى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، تۇرپان شەھىرى، قاراماي شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتىدىكى كۆپلىگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىكى تايانچ پەرۋىش خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن.

شۇ كۈنى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى جىددىي تېببىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئەترىتى ۋۇخەنگە ئاتلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتناشتى. قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئەترىتى 100 تېببىي خادىم، ئارقا سەپ كاپالەتلىك خادىمى ۋە 12 جىددىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئاپتوموبىلىدىن تەشكىللەنگەن.

ئاپتونوم رايون ھەم بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن مەڭلىك سىيىت، كۇڭ شىڭلۇڭ ئۇزىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

«مەن باراي، چوقۇم غەلىبە قىلىمىز!»

—— 2 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ يولغا چىقىش خاتىرىسى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جېن

بىر خىل تەسىرلىنىش بار، ئۇ بولسىمۇ «مەن تىزىملىتاي، مەن باراي»!

24 سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر)نىڭ دوختۇرخانىلىرىدىكى 102 پەرۋىش خادىمىدىن تەشكىللەنگەن 2 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى يىغىلىپ يولغا چىقتى.

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سائەت 22دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتى ئايروپىلان كۆتۈرۈلۈش زالىدا، ئەترەت ئەزالىرى: «شىنجاڭ بىلەن خۇبېينىڭ مۇھەببىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرىمىز» دەپ جاراڭلىق قەسەم بەردى.

«ۋۇخەن بىز كەلدۇق!» سائەت 23تە، 2 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى ئايرودۇرومدىن يولغا چىقتى. بۇ چاغدا، تۇنجى تۈركۈمدىكى شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ۋۇخەنگە يېتىپ بارغىنىغا يەتتە كۈنمۇ بولمىغانىدى.

سائەت 20دە، تولۇق جابدۇنۇپ يولغا چىقىشقا ھازىرلانغان ئالتە تېببىي خادىم ئەڭ ئاۋۋال ئايرودۇرومغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار قاراماي شەھىرى مايتاغ خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تايانچ پەرۋىش خادىملىرى ئىدى. ئەتىگەندە ئىشقا چىقىپ ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن تارتىپ، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ يولغا چىققۇچە بولغان ۋاقىت ئۈچ سائەتكىمۇ يەتمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەمدىلا كېچىلىك ئىسمېنىدىن چۈشكەن، بەزىلىرى ئەمدىلا ئىدارىگە كەلگەن بولۇپ، تېزدىن ۋۇخەنگە ياردەمگە بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆيگىمۇ قايتماي، يولدىلا ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇچۇر ئەۋەتىپ قويۇپلا ئايرودۇرومغا كەلگەنىدى. بىر نەچچەيلەن بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر 2 - بۆلۈمىنىڭ سېستىرالار باشلىقى شۇ جۈنپىڭنى ئورىۋېلىپ ئۆزئارا مەدەت بېرىشىۋاتاتتى.

«بۇ قېتىم يولغا چىققان ئەترەت ئەزالىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى 10 - 20 يىللىق خىزمەت ئىستاژىغا ئىگە پەرۋىش خادىملىرى بولۇپ، كلىنىكىلىق كېسەل ئەھۋالىنى كۆزىتىشتە مول تەجرىبىگە ئىگە، بولۇپمۇ شەخسىي مۇداپىئەلىنىش بويىچە كۆپ قېتىم كۈچەيتىپ تەربىيەلەنگەن، بۇ مەيداندا جەڭدە غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىمىز بار!» قاراماي شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانا پەرۋىش بۆلۈمىنىڭ سېستىرالار باشلىقى دەي ۋېيننىڭ ئېيتىشىچە، 50 ياشقا كىرگەن ئۇ پەرۋىش ئىش ئورنىدا 30 يىللىق خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە ئىكەن، بۇ قېتىم قاراماي شەھىرىدىكى تۆت دوختۇرخانا 20 پەرۋىش خادىمىنى تېزدىن ۋۇخەنگە ياردەم بېرىشكە تاللاپ ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى سېستىرالار باشلىقى ئىكەن، كۆپىنچىسى نەپەس يولى ئېغىر كېسەللىكى، ئېغىر كېسەللىك پەرۋىشى قاتارلىق كەسپلەردىكى تەجرىبىسى مول تايانچ كۈچلەر ئىكەن.

قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ نەپەس يولى ۋە ئېغىر كېسەللىكلەر تېببىي 2 - بۆلۈمىنىڭ سېستىراسى خەن لىن تېخى بالا ئېمىتىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ئانا، ئۇ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئەمدىلا ئالتە ئايلىق بولغان بالىسىنى ئۆيدە تاشلاپ قويۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىزىملىتىپ ۋۇخەنگە ئاتلاندى. خەن لىن مۇنداق دېدى: «مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن ئاۋۋال بېرىپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرىمەن!»

خېجىڭ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى پەرۋىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يىن لىڭخۇي 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن باشلاپ شۇ جايدا قۇرۇلغان تېببىي كۆزىتىش نۇقتىسىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئىشلەپ، ئىزچىل ئۆيگە قايتمىغانىدى. «ۋۇخەن ئانامنىڭ يۇرتى، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بېرىپ كۆرۈپ كېلەي.» گەرچە مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ۋۇخەنگە ئاتلىنىش خەۋپىنى سالامەتلىكى ياخشى بولمىغان ئانىسىغا ئېيتمىدى.

«كۈچ بېرەلەيدىغان ۋاقىتىمدا، مەن ھەرگىز كەينىمگە داجىمايمەن، مەن ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدايمەن.» يىن لىڭخۇي ئايرودۇرومدا ئەترەت فورمىسىنى كىيىپ، پارتىيە ئىزنىكىنى ئىچىدىكى كىيىمدىن ئېلىپ، تەنتەنىلىك ھالدا ئەترەت فورمىسىنىڭ مەيدە تەرىپىگە تاقىدى.

ئەترەتتىكى 23 ياشلىق كاملىجان ئالىم يېتەكچىنىڭ ھەربىر ئېغىز تاپشۇرۇقىنى ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇ خوتەن ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر مەخسۇس بۆلۈمى دوختۇرخانىسىدىكى ئەر سېستىرا. پەقەت بىر يىللىق سېستىرالىق ئىستاژىغا ئىگە ئۇ، مۇخبىرغا، دوختۇرخانا رەھبەرلىرىنىڭ ئەتىگەنلىك چىنىقىش ۋاقتىدا ئاتلىنىش چاقىرىقى چىقارغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تۇنجى بولۇپ «مەن تىزىملىتىمەن» دەپ توۋلىغانلىقىنى ئېيتتى. «دوختۇرخانا رەھبەرلىرى مېنىڭ تەجرىبەمنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىدىن ئەنسىرىگەندە، مەن قەتئىيلىك بىلەن مېنىڭ پۇختا پەرۋىش ئاساسىم بار، يەنە جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىممۇ بار، مەن باراي، چوقۇم غەلىبە قىلىمەن! دېدىم».

«سالامەت قايتىپ كەل!» مېڭىش ئالدىدا ئاتا - ئانىسى ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى، كاملىجان ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ياش جىسمىغا دادىسىنىڭ قىيالماسلىق ياشلىرىنىڭ تۆكۈلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

«مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن تىزىملىتىمەن!» قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى پەرۋىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئايتۇرسۇن ئىسمايىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەتىگەندىلا ئىدارىنىڭ ئاتلىنىش چاقىرىقىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، قىلچە ئىككىلەنمەي تىزىملاتقاندىن كېيىن، جىددىي داۋالاش بۆلۈمىنىڭ سېستىرالار باشلىقى غۇنچەم مەمەتكە تېلېفون قىلدى، «غۇنچەممۇ پارتىيە ئەزاسى، بۇنداق چاغدا پارتىيە ئەزالىرى ئەڭ ئالدىدا تۇرۇشى كېرەك.» بۇ چاغدا يولغا چىقىشقا بىر سائەتمۇ ۋاقىت قالمىغانىدى.

«قىيىنچىلىق ۋاقىتلىق، ھەممىمىز ياخشى بولۇپ كېتىمىز!» ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ۋاقىتلىق خوشلاشقاندىن كېيىن، ئىككىيلەن قول تۇتۇشۇپ ئەترەتكە قوشۇلۇپ يولغا چىقتى.

يەنە قەشقەر. «سائەت 13تە مەن ۋۇخەنگە ماڭىمەن.» «نېمىشقا سىز بارىسىز؟» «مەن پارتىيە ئەزاسى.» «غەيرەت قىلىڭ، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى سىزنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتىشىڭىزنى كۈتىمىز.» بۇ بىر بۆلەك دىيالوگ قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - خەلق دوختۇرخانىسى ICUسىنىڭ سېستىرالار باشلىقى يۈ شياۋيەننىڭ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئىككى جايدا ئايرىلىپ تۇرغىنىغا ئون يىل بولغان ئېرى بىلەن قىلغان قىسقىغىنا ئۈندىدار دىيالوگى.

«ئۆيگە قايتىپ ئىككى بالام بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىدىغان ۋاقىت يوق، چۈنكى مەن سېستىرالار باشلىقى، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن بۆلۈمگە بېرىپ بەزى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرمىسام بولمايدۇ.» يۈ شياۋيەن ماڭغاندا، بۆلۈمدىكى سېستىرالار ئۇنى بەس - بەستە قۇچاقلىدى: «سېستىرالار باشلىقى، بىز چوقۇم گېپىڭىزنى ئاڭلاپ، ئائىلىمىزنى ياخشى قوغدايمىز!»

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سەھەردە، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى كېچىلەپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ، سائەت 6دە لايىھە بېكىتىپ، سائەت 8دە ئەترەت يېتەكچىسى ھەم ھەرقايسى دوختۇرخانىلارغا ئۇقتۇرۇش قىلدى. ھەممە ئىش جىددىي ھەم تەرتىپلىك بولدى.

«تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قەتئىي بويسۇنىمەن، ئەترەتنى ياخشى يېتەكلەپ، تىنچ - ئامان قايتىپ كېلىمەن!» دېدى خەتەرلىك پەيتتە بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغان 2 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى چېن خۇي جاراڭلىق ھالدا.

«ھەممىڭلار ئەڭ قالتىس! غەيرەت قىلىڭلار!» بۇ ۋاقىتتا، مۇخبىرنىڭ ئارقىسىدىكى ناتونۇش بىر ساياھەتچى بۇ «ئاق خالاتلىق جەڭچى»لەرنىڭ ئۆزۈپ كېتىۋاتقان سىيماسىغا قاراپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىدى.